法治日報
LEGAL DAILY

# 新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市天山区人民法院公告

（2025）新0102民初7361号 本院受理原告买买提·苏来曼诉被告布阿吉·吾拉木合同纠纷一案，因被告布阿吉·吾拉木下落不明，现已刊登公告。

新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市天山区人民法院

公告内容如下：

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئېلانى

بۇھەجەر غۇلام:

مەھكىمىمىز قوبۇل قىلغان (2025) ش 0102 ھ د 7361- نومۇرلۇق دەۋاگەر مەمەت سۇلايمان بىلەن جاۋابكار بۇھەجەر غۇلام ئوتتۇرىسىدىكى شىرىكچىلىك توختام ماجراسى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. ھازىر مەھكىمىمىزنىڭ (2025)ش 0102 ھ د 7361-نومۇرلۇق ھۆكۈمنامىسىنى ئېلان ئارقىلىق يەتكۈزدۇق. ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: « 1. جاۋابكار بۇ ھەجەر غۇلام دەۋاگەر مەمەت سۇلايمانغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك 30000يۈەننى قايتۇرسۇن؛ 2. دەۋاگەر مەمەت سۇلايماننىڭ باشقا دەۋا تەلىپى رەت قىلىنسۇن. جاۋابكارنىڭ دەۋاگەرگە بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنىڭ جۇغلانمىسى جەمئىي 30000يۈەنبولۇپ، ئەگەر بۇ ھۆكۈمدە بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە پۇل بېرىش مەجبورىيىتىنى ئادا قىلمىسا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 264-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئادا قىلىشنى كېچىكتۈرگەن مەزگىلدىكى قەرز ئۆسۈمىنى ھەسسىلەپ تۆلىشى كېرەك. مەزكۇر دىلونىڭ دەۋا نىشانى 36673.2يۈەن، مەھكىمىمىز تەرىپىدىن بېكىتىلگىنى 30000يۈەن، بۇ دەۋا نىشانىنىڭ 81%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ دېلونىڭ دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى 716.83يۈەن (دەۋاگەر ئالدىن تاپشۇرغان) بۇنىڭ 19%بويىچە 136.1يۈەننى دەۋاگەر ئۈستىگە ئالسۇن، 81%بويىچە 580.73يۈەنگە ئېلان ھەققى 400يۈەن، يەتكۈزۈش ھەققى 20يۈەننى قوشۇپ جەمئى 1000.73يۈەننى جاۋابكار ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن.›› ھۆكۈمگە قايىل بولمىغان تەرەپ ھۆكۈمنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە مەھكىمىمىز ئارقىلىق نارازىلىق ئەرز سۇنۇپ ھەمدە قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئادەم سانى بويىچە كۆچۈرمىسىنى تاپشۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ.» بۇ ئېلان چېقىرىلىپ 30 كۈن ئۆتسە ھۆكۈمنامە يەتكۈزۈلدى، دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمگە قايىل بولمىسىڭىز، مۆھلەت توشقان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە مەھكىمىز ئارقىلىق نارازىلىق ئەرز سۇنۇپ ھەمدە

قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئادەم سانى بۇيىچە كۆچۈرمىسىنى تاپشۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرسە بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەر تيانشان رايونلۇق
خەلق سوت مەھكىمىسى
2025-يىلى 10-ئاينىڭ 30-كۈنى

ئىلۇ بىجىرگۈچى سوتچى: گۈلنۇر تەلئەت
تېلفون نومۇرى: 0991-8559372
خەت ئالاقە ئادىرىسى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەر تيانشان رايونى جىنيىن يولى 246-نومۇر.

本公告刊登在2025年10月30日
本公告从法治网、法治号下载